مۇھەببەت خېتى (Love Letter)

**تىزىش**: ھەر بىر ئويۇنچىغا بىردىن پايدىلىنىش كارتىسى تارقىتىڭ، بۇ كارتىدا ھەر بىر پېرسوناژنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئويۇندىكى سانى كۆرسىتىلىدۇ.

ھەممە 21 پېرسوناژ كارتىسىنى ياخشى ئارىلاشتۇرۇپ دۈم قىلىپ ئۈستەلنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇڭ.

ئەڭ ئۈستىدىكى بىر كارتىنى ئېلىپ دۈم ھالەتتە يانغا قويۇڭ، بۇ كارتا ئويۇن ئاخىرلاشقىچە ئېچىلمايدۇ، ھېچكىم كۆرمەيدۇ. ئەگەر ئىككىلا ئويۇنچى ئويناۋاتقان بولساڭلار 3 كارتا ئېلىۋېتىڭ.

ھەر بىر ئويۇنچىغا بىردىن كارتا تارقىتىڭ.

يېقىندا قول خېتى يېزىپ باققان بىرى باشلامچى بولىدۇ.

**ئويۇن قائىدىسى:**

ئويۇن باشلامچىدىن باشلاپ سائەت ئايلىنىش يۆنىلىشى بويىچە نەچچە قېتىم داۋاملىشىدۇ. نۆۋىتىڭىز كەلگەندە يېڭى بىر كارتا ئالىسىز، ئاندىن قولىڭىزدىكى ئىككى كارتىدىن بىرنى چۈشۈپ ئوينايسىز. چۈشكەن كارتىڭىز ئوڭ ھالەتتە ئالدىڭىزغا تىزىلىدۇ.

بەزى كارتىلارنىڭ تەسىرى سىزنى ئويۇندىن دەرھال چىقىرىۋېتىدۇ. بۇ سىزنىڭ مۇھەببەت خېتىڭىزنىڭ مەلىكە قولىغا تەگمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئويۇندىن چىقىپ كەتكەندە قولىڭىزدىكى كارتىنى ئوڭ قىلىپ ئالدىڭىزغا تىزىسىز. يېڭى بىر قول ئويۇن باشلانغۇچە ئويۇنغا قاتنىشالمايسىز.

نۆۋەتى كەلگەن ئويۇنچى چوقۇم بىر يېڭى كارتا ئېلىپ، بىر كارتىنى چۈشۈپ ئوينىشى لازىم.

ئويۇن كارتىنىڭ ھەممىسى ئېلىنىپ بولغاندا ياكى بىرلا ئويۇنچى قالغاندا ئاخىرلىشىدۇ. ئەگەر كارتىلارنىڭ ھەممىسى ئېلىنىپ بولسا، بىر نورمال قولدىن كېيىن ھەممەيلەننىڭ قولىدا بىرلا كارتا قالىدۇ، قولىدىكى كارتا نومۇرى ئەڭ يۇقىرى بولغان ئويۇنچى ئۇتۇپ چىقىدۇ ۋە بىر غەلىبە پارچىسىغا ئېرىشىدۇ. تەڭلىشىپ قالغاندا تەڭلىشىپ قالغانلارنىڭ ھەممىسى بىردىن غەلىبە پارچىسىغا ئېرىشىدۇ. بىرلا ئويۇنچى قالغاندا شۇ ئويۇنچى ئۇتۇپ چىقىدۇ ۋە بىر غەلىبە پارچىسىغا ئېرىشىدۇ.

يېڭى بىر قولنى باشلاش قائىدىسى يۇقارقىغا ئوخشاش. ئالدىنقى قولدا ئۇتقان ئويۇنچى بۇ قولدا باشلامچى بولىدۇ.

ئويۇن ئاراڭلاردىكى بىر ئويۇنچى تۆۋەندىكى جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەن غەلىبە پارچىسىغا ئېرىشكەندە پۈتۈنلەي ئاخىرلىشىپ چېمپىيون ھاسىل بولىدۇ.

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ئويۇنغۇچى سانى | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 |
| غەلىبە پارچىسى | 6 | 5 | 4 | 3 | 3 |

پېرسوناژلار:

مەلىكە، 9- نومۇر: مەيلى قانداق سەۋەپ بىلەن بۇ كارتىنى ئويىنسىڭىز ياكى تاشلىسىڭىز، دەرھال ئويۇندىن چىقىپ كېتىسىز.

گراف خانىمى، 8- نومۇر: قولىڭىزدىكى باشقا كارتا پادىشاھ ياكى شاھزادە بولغاندا بۇ كارتىنى چوقۇم چۈشۈپ ئويىنىشىڭىز لازىم، ئەگەر بولمىسىمۇ نۆۋىتىڭىزدە چۈشۈپ ئويىنىسىڭىز بولىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا ھېچقانداق تەسىرى بولمايدۇ.

پادىشاھ، 7- نومۇر: باشقا بىر ئويۇنغۇچىنى تاللاپ، قولىڭىزدىكى كارتىنى ئۇنىڭ قولىدىكى بىلەن ئالماشتۇرۇڭ، باشقىلار كارتىلارنى كۆرۈپ قالمىسۇن.

ۋەزىر، 6- نومۇر: يېڭىدىن ئىككى كارتا ئېلىڭ، ئاردىن بىرنى تاللاڭ، قالغان ئىككىسىنى دۆم قىلىپ كارتا دۆۋىسى تېگىگە قويۇڭ. ئەگەر كارتا دۆۋىسىدە بىرلا كارتا قالغان بولسا، شۇنى ئېلىپ ئىككى كارتىڭىزدىن بىرنى كارتا دۆۋىسگە قايتۇرۇڭ. ئەگەر كارتا دۆۋىسدە كارتا قالمىسا ۋەزىر ھېچنىمە قىلالمايدۇ.

شاھزادە، 5- نومۇر: ئۆزىڭىزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خالىغان بىر ئويۇنغۇچىنى تاللاپ، قولىدىكى كارتىنى تاشلىغۇزۇڭ ۋە يېڭى بىر كارتا ئالغۇزۇڭ. ئەگەر كارتا قالمىسا، ئويۇن باشلانغاندا يانغا قويغان ھېلىقى كارتىنى ئالىدۇ. ئەگەر بۇ جەرياندا مەلىكە كارتىسى چۈشۈپ قالسا، ئۇنى چۈشكەن ئويۇنغۇچى ئويۇندىن دەرھال چىقىپ كېتىدۇ.

خىزمەتكار، 4- نومۇر: يېڭى بىر نۆۋەت كەلگۈچە سىزگە باشقا ئويۇنغۇچىلارنىڭ كارتىسىنىڭ تەسىرى بولمايدۇ، سىزنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ. ئەگەر ھەممەيلەن خىزمەتكار تەرىپىدىن "قوغدىلىنسا"، چۈشكەن كارتىڭىزنىڭ تەسىرى ئۆزىڭىزگە بولىدۇ.

سىپىر، 3- نومۇر: باشقا ئويۇنغۇچىنى تاللاپ ئىككىڭلارنىڭ قولىدىكى كارتىنى باشقىلارغا كۆرسەتمەي تۇرۇپ سېلىشتۇرۇڭلار. ئىككىڭلارنىڭ ئارىسىدىكى كارتا نومۇرى تۆۋەن بولغىنى دەرھال ئويۇندىن چىقىپ كېتىدۇ، ئەگەر تەڭ بولۇپ قالسا ھېچكىم چىقىپ كەتمەيدۇ.

پوپ، 2- نومۇر: بىر ئويۇنغۇچىنى تاللاپ ئۇنىڭ قولىدىكى كارتىنى باشقىلارغا كۆرسەتمەي كۆرىسىز.

قاراۋۇل، 1- نومۇر: بىر ئويۇنغۇچىنى تاللاپ، ئۇنىڭ قولىدىكى كارتىنى قاراۋۇلدىن باشقا بىر پېرسوناژغا قىياس قىلىسىز. ئەگەر توغرا تاپسىڭىز ئۇ دەرھال ئويۇندىن چىقىپ كېتىدۇ، خاتا تاپسىڭىز ھېچنېمە يۈز بەرمەيدۇ.

ئشبىيون، 0- نومۇر: بۇ كارتىنى چۇشكەندە ھېچ ئىش يۈز بەرمەيدۇ، لېكىن ئويۇن ئاخىرلاشقاندا ئىشپىيوننى چۇشكەن ئوينىغۇچى ئۇتۇپ چىقسا، بىر ئارتۇق غەلبە پارچىسىغا ئېرىشىدۇ. ئىككى ئىشپىيوننى بىر ئوينىغۇچى چۇشسىمۇ بىرلا ئارتۇق غەلبە پارچىسىغا ئېرىشىدۇ.

كلاسسىك قائىدىسى: 2-4 كىچە ئوينىغۇچىغا ماس كېلىدىغان قائىدە. بىر قاراۋۇل، ئىككى ۋەزىر ۋە ئىككى ئىشپىيوننى ئويۇنغا قوشمايسىز، قالغان قائىدىلىرى ئوخشاش.

بۇ ئويۇندا يالغان سۆزلەش بىر نومۇس ئىش، راستچىل بولۇڭلار.

تەرجىمە قىلغۇچى: فەررۇخ ۋە زۇلپىيە